# شى جىنپىڭ فىرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى** دېھقانلار كالېندارى بويىچە يېڭى يىل يېتىپ كېلىش پەيتىدە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تەكلىپ بويىچە فىرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن تېلېفونلاشتى.

ماكرون ئالدى بىلەن شى جىنپىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ چاغىنىنى مۇبارەكلىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ چاغانىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشكە تەلەكداشلىق بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ ماكرون ۋە فىرانسىيە خەلقىگە چاغانلىق بەخت تىلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن 2019 - يىل جۇڭگو - فىرانسىيە مۇناسىۋىتى يۇقىرى سەۋىيەدە تەرەققىي قىلغان بىر يىل بولدى. مەن ۋە سىز ئۆزئارا زىيارەتتە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو - فىرانسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتۇق. بىز ھاسىل قىلغان تۈرلۈك ئورتاق تونۇشلار ناھايىتى ياخشى ئەمەلىيلىشىۋاتىدۇ. يېڭى بىر يىلدا، مەن سىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، جۇڭگو - فىرانسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى خالايمەن. ئىككى تەرەپ يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. مەن سىز بىلەن دائىملىق ئالاقىنى ساقلاپ، ئىككى تەرەپ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ۋاقتىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشنى خالايمەن. بىز ھاسىل قىلغان بىر قاتار ئەمەلىي ھەمكارلىق ئورتاق تونۇشنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور ئىشلارغا ئېتىبار بېرىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە، پۇقراۋى يادرو ئېنېرگىيەسى، پەن - تېخنىكا، سانائەت، ئالەم قاتنىشى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، 2021 - يىللىق جۇڭگو - فىرانسىيە مەدەنىيەت - ساياھەت يىلىغا ياخشى تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك. جۇڭگو بازىرى پۈتۈن دۇنياغا ئېچىۋېتىلگەن، ئەلۋەتتە ياۋروپاغا، فىرانسىيەگە داۋاملىق ئېچىۋېتىلىدۇ. خەلقئارا ئىشلاردىكى ئالاقىلىشىش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، 6 - ئايدىكى مارسېل دۇنيا تەبىئەتنى قوغداش يىغىنى ھەم 4 - نۆۋەتلىك «بىر پىلانېت» باشلىقلار يىغىنى ھەمدە 10 - ئايدىكى كۇنمىڭ «جانلىقلار كۆپ خىللىقى ئەھدىنامىسى» بويىچە 15 - قېتىملىق ئەھدىنامە تۈزۈشكەن تەرەپلەر يىغىنىنى ياخشى ئېچىشنى ئۆزئارا قوللىشىمىز كېرەك. ئىككى تەرەپ دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئىسلاھات مەسىلىسىدە ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى ئورتاق تەبرىكلەيدۇ، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدا بىر قاتار مۇھىم، زور ئالاقىلەر بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنى بالدۇرراق ھاسىل قىلىپ، قول تۇتۇشۇپ كۆپ تەرەپچىلىك ۋە ئەركىن سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادىنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق يەر شارىۋى خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى بىر يىلدا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ماكرون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل فىرانسىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتى ۋە ياۋروپا - جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم يىل، ئىككى تەرەپنىڭ قارالمىلىرى ئىنتايىن مول. مەن يەنە بىر قېتىم جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئىككى تەرەپنىڭ سودا، مەبلەغ سېلىش، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. فىرانسىيە تەرەپ كىلىمات ئۆزگىرىشى، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئىسلاھاتى قاتارلىق مەسىلىلەردە جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ «جانلىقلار كۆپ خىللىقى ئەھدىنامىسى» بويىچە 15 - قېتىملىق ئەھدىنامە تۈزۈشكەن تەرەپلەر يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈشىنى قوللايدۇ. مەن شۇنى تەكىتلەشنى خالايمەنكى، 5G مەسىلىسىدە فىرانسىيە تەرەپ ھەرقانداق مۇئەييەن دۆلەت ياكى مۇئەييەن شىركەتكە قارىتا كەمسىتىش خاراكتېرلىك تەدبىر قوللانمايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلاشنى خالايدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى - جۇڭگو مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنىڭ بالدۇرراق ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ماكرون مۇنداق بىلدۈردى: فىرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا پائال تاقابىل تۇرۇشنى قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان سەھىيە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو تەرەپ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشقا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئېلان قىلدى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەمدە ئالاقىدار دۆلەت ۋە رايونلارغا يۇقۇم ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە يۇقۇمغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، پۈتۈن يەر شارىنىڭ سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى خالايدۇ.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى يەنە ئىران يادرو مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا كۆز قاراشلىرىنى ئالماشتۇردى.

# شى جىنپىڭ گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تەكلىپ بويىچە گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل بىلەن تېلېفونلاشتى.

مېركېل شى جىنپىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ چاغىنىنى مۇبارەكلىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ بەخت - سائادەتلىك بولۇشىنى تىلىدى.

شى جىنپىڭ مېركېل ۋە گېرمانىيە خەلقىگە يېڭى يىللىق سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ يىل جۇڭگو - گېرمانىيە، جۇڭگو - ياۋروپانىڭ كۆپ تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي قارالمىلىرى بار، ئىككى تەرەپنىڭ قويۇق ئالاقىنى ساقلىشى زۆرۈر، ئىككى تەرەپ جۇڭگو - گېرمانىيە، جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى بىر يىلدا يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە ئورتاق تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر دۇنيا ۋەزىيىتى تېخىمۇ داۋالغۇۋاتىدۇ. جۇڭگو بىلەن گېرمانىيە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقى ئىككى تەرەپ كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ كەتتى. جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر گېرمانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، جۇڭگو بىلەن گېرمانىيەنىڭ ئۆزئارا تايىنىدىغان ۋە ئىدېئولوگىيەدىن ھالقىغان ھەمكارلاشقۇچىلاردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. جۇڭگو ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرسا، ياۋروپا تەرەپ ۋە گېرمانىيە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا سودا ھەمراھلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، جۇڭگو بازىرى داۋاملىق ئاشىدۇ. جۇڭگو تەرەپ گېرمانىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش روھى بويىچە ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد - سودا، پەن - تېخنىكا، ئادەمىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى يەنىمۇ پىلانلاشنى خالايدۇ، گېرمانىيە تەرەپنىڭ داۋاملىق جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ گېرمانىيەگە بېرىپ مەبلەغ سېلىشى ئۈچۈن ئادىل رىقابەتلىشىدىغان شارائىت يارىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ گېرمانىيە تەرەپ بىلەن كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئىسلاھاتى قاتارلىق يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئالاقىنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن مۇھىم بىر يىل. جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىك ۋە يىراق كەلگۈسى نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى قوللاپ كەلدى. جۇڭگو تەرەپ ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىللە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، دىققەتنى ھەمكارلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىش، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئەركىن سودىنى قوغداش، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ گېرمانىيە تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، جۇڭگو - ياۋروپانىڭ بىر قاتار مۇھىم ئالاقىلىرىگە شارائىت يارىتىپ، نەتىجە توپلاشنى خالايدۇ.

مېركېل مۇنۇلارنى بىلدۈردى: گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، گېرمانىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئورتاقلىقلىرى ناھايىتى كۆپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى قاتلام، دەرىجىدىكى مول نەتىجىلىك سۆھبەت ۋە ئالماشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىقتىساد - سودا كېلىشىمى ھاسىل قىلغانلىقىدىن خۇش بولدى. گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگو بازىرىنىڭ گېرمانىيەگە ئېچىۋېتىلگەن ھالەتنى ساقلىغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ، گېرمانىيە بازىرىمۇ داۋاملىق تۈردە جۇڭگوغا ئېچىۋېتىلگەن ھالەتنى ساقلايدۇ، گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كارخانىلىرىغا ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ يىل ياۋروپا بىلەن جۇڭگونىڭ بىر قاتار مۇھىم قارالمىلىرى بار، گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ، ماسلىشىپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى، بولۇپمۇ ياۋروپا - جۇڭگو مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى، كىلىمات ئۆزگىرىشكە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش، ئۈچىنچى تەرەپ بازىرى ھەمكارلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە پائال ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىشنى خالايدۇ. ئوتتۇرا ياۋروپا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقى ياۋروپا - جۇڭگو ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

مېركېل مۇنۇلارنى بىلدۈردى: گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا دەل ۋاقتىدا تاقابىل تۇرۇپ، ئىزچىل ئوچۇق - ئاشكارا بولغانلىقى ھەم خەلقئارا ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ. گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپكە مەدەت بېرىش ۋە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. شى جىنپىڭ رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ گېرمانىيە تەرەپ ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

مېركېل شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىل ئەۋەتىپ لىۋىيە مەسىلىسى بويىچە بېرلىن باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشتۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى يەنە نۆۋەتتىكى مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرى توغرىسىدا كۆز قاراشلىرىنى ئالماشتۇردى.

# شى جىنپىڭ بىلەن ئىتالىيە زۇڭتۇڭى ماتارېللا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2020 «جۇڭگو - ئىتالىيە مەدەنىيەت ۋە ساياھەت يىلى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى** 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن ئىتالىيە زۇڭتۇڭى ماتارېللا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، 2020 «جۇڭگو - ئىتالىيە مەدەنىيەت ۋە ساياھەت يىلى»نىڭ ئىتالىيەنىڭ رىمدا ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن ئىتالىيە شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرى. 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، قەدىمكى يىپەك يولى ئارىلىقى ئۇنمىڭ چاقىرىم كېلىدىغان جۇڭگو - ئىتالىيە مەدەنىيلىكىنى ئۇچراشتۇرۇپ ئۆزئارا نۇرلاندۇرغان؛ بۈگۈن، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى بىزنىڭ مىڭ يىللاپ داۋاملاشقان دوستانە ئالاقىمىزگە يەنە يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو - ئىتالىيە ئىككى دۆلەت مول مەدەنىيەت ۋە ساياھەت بايلىقىغا ئىگە. جۇڭگو - ئىتالىيە مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ بىرلىكتە قەدىمىي مەدەنىيلىك يېڭى دەۋر سۆھبىتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى سىزىپ چىقىپ، دۇنيا مەدەنىيلىكىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش، ئۆرنەك ئېلىشقا يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ماتارېللا تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىتالىيە - جۇڭگو دوستلۇقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان رايون ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىشنىڭ باش رولچىلىرى بولۇپ، باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، بىر - بىرىدىن زوقلىنىپ كەلگەن. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان ۋەزىيىتى ئالدىدا، بىز ئۆزئارا تايىنىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنىڭ قىممىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئادىمىيەت ئالاقىسىگە تۈرتكە بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ كەلگۈسىدىكى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك.

2019 - يىلى 3 - ئايدا، رەئىس شى جىنپىڭ ئىتالىيەدە زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، زۇڭتۇڭ ماتارېللا بىلەن 2020 - يىلى جۇڭگو - ئىتالىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقى پەيتىدە ئۆزئارا مەدەنىيەت ۋە ساياھەت يىلى ئۆتكۈزىدىغانلىقنى جاكارلىغانىدى. جۇڭگو - ئىتالىيە ئىككى تەرەپ ئورۇنلاش سەنئىتى، كۆرۈش سېزىمى سەنئىتى، ئىجادىي لايىھەلەش، مەدەنىيەت مىراسلىرى، ساياھەت، كىنو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەرنى قاپلىغان پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

خاۋ جيەنشيۇ، شۈ كۇاڭدى، جاڭ خۇەيشى، لى مىڭ، لياۋ خۇي، بەي لىچېن، چېن كۇيىۋەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، لى جاۋجو، خۇاڭ مېڭفۇ، جاڭ مېيىڭ، جاڭ رۇڭمىڭ، چيەن يۈنلۇ، سۈن جياجېڭ، لى جىنخۇا، جېڭ ۋەنتۇڭ، دېڭ پۇفاڭ، لى ۋۇۋېي، چېن زۇڭشىڭ، ۋاڭ جىجېن، خەن چىدې، لىن ۋېنيى، لو فۇخې، لى خەيفېڭ، چېن يۈەن، جوۋ شياۋچۈەن، ۋاڭ جيارۇي، چى شۈچۈن، ما پېيخۇا، لىيۇ شياۋفېڭ، ۋاڭ چىنمىن قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلارنى يوقلىدى ياكى ئالاقىدار تەرەپلەردىكى مەسئۇل يولداشلارغا يوقلاشنى ھاۋالە قىلدى، پېشقەدەم يولداشلاردىن بايراملىق سەممىي ھال سورىدى، چىن كۆڭلىدىن پېشقەدەم يولداشلارنىڭ چاغىنىنىڭ خۇشال - خۇرام ئۆتۈشىنى، تېنىنىڭ سالامەت، ئۆمرىنىڭ ئۇزاق بولۇشىنى تىلىدى.

پېشقەدەم يولداشلار بۇنىڭغا رەھمىتىنى بىلدۈردى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسى ئىكەنلىكىنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پېشقەدەم يولداشلار پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئىلمىي تاقابىل تۇرۇش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش لايىھەسى ۋە داۋالاش كۆرسەتمىسىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، داۋالاش - قۇتقۇزۇش لايىھەسىنى تۈزۈش كېرەك؛ ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى يولغا قويۇپ، جىددىي بىر تەرەپ قىلىش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىش كېرەك؛ قابىل كۈچلەر ۋە داۋالاش بايلىقلىرىنى سەپلەپ، يۇقۇمنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈش ۋە ئالدىن تەكشۈرۈپ ئايرىپ دىياگنوز قويۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ يۇقۇمنىڭ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ئىنچىكە، مۇۋاپىق ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ يەرلىكتە يۈزبېرىشى ۋە تارقىلىشىدىن قاتتىق مۇداپىئەلىنىش كېرەك؛ بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش ۋە مەركەزلىك قۇتقۇزۇش - داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كېسەللىك مىسالى كۆرۈلسىلا، يۇقۇمنىڭ يامرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ ئايرودرۇم، تۆمۈريول، تاشيول قاتارلىق قاتناش تۈگۈنى ۋە سودا سارايى، سودا بازىرى، ساياھەت مەنزىرە رايونى قاتارلىق كىشىلەر زىچ توپلاشقان سورۇنلاردىكى يۇقۇمنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەم ئېنىك ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىغا قارىتا تازىلاش، دېزىنفېكسىيە قىلىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا بايقاش، ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، يېتەكلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. يۇقۇم مۇداپىئە بىلىملىرىنى ئىلمىي تەشۋىق قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى يېشىپ چۈشەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئاۋامنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇھىتنى تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەشىنى ۋاقتىدا، ئوبيېكتىپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش كېرەك؛ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تىنچ، خاتىرجەم كاتتا چاغان ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جىددىي بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە رەھبەرلىك جايىدا بولۇش، تەشكىللەش جايىدا بولۇش، كۈچ جايىدا بولۇش، تەدبىرلەر جايىدا بولۇش، كاپالەت جايىدا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.